شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网：www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65－0002/－W

2020 - يىل 10 - ئاي
10
شەنبە
维吾尔文 10 月10日

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1－57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25210 - سان بۈگۈن 4 بەت

جاراڭلىق دەۋر مېلودىيەسى

—— پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان باش شۇجى شى جىنپىڭ كۆزدىن كەچۈرگەن، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغان نامرات كەنتلەرنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشنى تەكشۈرۈش

□ **ئالاھىدە تەكلىپلىك تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسى**

نامراتلىق ئۇزاقتىن بۇيان ئىنسانلارنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇۋاتقان بىر زور قىيىن مەسىلە، نامراتلىق ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مىڭ يىللىق ئارزۇسى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان، پارتىيەمىز خەلقنى يېتەكلەپ نامراتلىققا سىجىل جەڭ ئېلان قىلدى. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش بۇ جەڭ ئېلان قىلىشنى يېڭى تارىخىي باسقۇچقا ئېلىپ كىردى، يېزىلاردىكى 800 مىليوندىن كۆپرەك نامرات نوپۇس ئىلگىرى - كېيىن نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. بولۇپمۇ پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى نامراتلىقنى تۈگىتىشنى دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتىكى تېخىمۇ گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

«شى جىنپىڭنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاش توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىدىن تاللانما» نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 10 - ئاينىڭ 9 - كۈنى تېلېگراممىسى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى پارتىيە تارىخى ۋە ھۆججەت، ماتېرىيال تەتقىقات يۈرتى تەھرىرلىگەن «شى جىنپىڭنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاش توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىدىن تاللانما» ناملىق كىتاب يېقىندا مەركىزىي ھۆججەت، ماتېرىيال نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ، پۈتۈن مەملىكەتتە تارقىتىلدى.

بۇ مەخسۇس تېمىلىق ئەسەرلەر توپلىمىدا يولداش شى جىنپىڭنىڭ مەملىكەتلىك يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىدا قىلغان سۆزى مۇقەددىمە قىلىنغان، ئۇنىڭغا يولداش شى جىنپىڭنىڭ 2020 - يىلى 1 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 9 - ئاينىڭ 23 - كۈنىگىچە بولغان مەزگىلدىكى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاش توغرىسىدىكى 43 پارچە مۇھىم ماقالىسى كىرگۈزۈلگەن. بۇنىڭ ئىچىدىكى قىسمەن ماقالىلەر تۇنجى قېتىم ئاشكارا ئېلان قىلىندى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنەيلى، ئىزچىللاشتۇرايلى
تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقايلى

يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش سەپىرى

«بۇلۇت» كەسپلەرنى توپلاشتۇرۇپ كەلگۈسىگە يۈزلەندۈردى

—— قاراماي بۇلۇت ھېسابلاش كەسپلەر باغچە رايونىغا زىيارەت

«ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش»، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈش بىرىنچى سەپتە كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىمىز ㉒

□ **پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز لىيۇ شياڭ، ۋاڭ يۈڭفېي**

ئاپئاق بۇلۇتتا ئالاھىدە مۇھىتتا قۇياش نۇرى چېچىلسا، ھەر خىل رەڭدە تۈس ئېلىپ، پۈتۈن ئاسماننى گۈزەللەشتۈرىدۇ.

قاراماي‌دىمۇ مۇشۇنداق بىر «تۈس بېرەلەيدىغان» «بۇلۇت» بولۇپ، «ئۇ» ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىنغان كۆرۈنۈشلەر، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان كۆرۈش سېزىمى زىياپىتىگە ئايلىنىدۇ.

9 - ئاينىڭ 30 - كۈنى، قاراماي بۇلۇت ھېسابلاش كەسپلەر باغچە رايونىغا جايلاشقان جۇڭگو كۆچمە خەۋەرلىشىشى (شىنجاڭ) بۇلۇت ھېسابلاش ۋە چوڭ سانلىق مەلۇمات مەركىزى «يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى كىنو - تېلېۋىزىيە، كارتون فىلىم تۈس بېرىش بازىسى»نىڭ ئاپپارات ئۆيىدە، نەچچە يۈزلىگەن تۈس بېرىش ئۈسكۈنىسىدىن غوڭۇلداپ ئاۋاز چىقىۋاتاتتى، كۆرسەتكۈچ چىراغلىرى توختىماستىن يېنىپ تۇراتتى.

تۈس بېرىش جەريانى قارىماققا ئادەتتىكىدەك كۆرۈنسىمۇ، كىنو - تېلېۋىزىيە ئەسەرلىرىنى ئىشلەشتە كەم بولسا بولمايدىغان رول ئوينايدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈنۈمىنىڭ ياخشى - يامان بولۇشى فىلىمنىڭ ئەڭ ئاخىرقى تەسىر ئۈنۈمىنىڭ ياخشى بولۇش - بولماسلىقىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

«ئارتىسلار ئادەتتە يېشىل پەردە ياكى كۆك پەردىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىپ رول ئالىدۇ، كېيىنكى باسقۇچتىكى فىلىم ئىشلەش جەريانىدا، بىز تۈس بېرىپ بىر تەرەپ قىلىش ئارقىلىق، ‹پارتلاش› خاراكتېرلىك كۆرۈش سېزىمى ئۈنۈمىنى ھاسىل قىلالايمىز.» شىنجاڭ يۈنبىيەن تور تېخنىكا چەكلىك شىركىتى تېخنىكا بۆلۈمىنىڭ دىرېكتورى ۋۇ شىكەي مۇنداق دېدى: قاراماي بۇلۇت ھېسابلاش كەسپلەر باغچە رايونىنىڭ غايەت زور ھېسابلاش ئىقتىدارىغا تايىنىپ، شىركەت «شادىمان جاھانكەزگۈچىلەر»، «سەيئېرخاۋ» قاتارلىق كىنو ۋە كارتونلارغا تۈس بېرىپ ئىشلەشكە مۇۋەپپەقىيەتلىك قاتناشتى.

ئۈچ يىلغا يېقىن تەرەققىي قىلىش ئارقىلىق، بۈگۈنكى كۈندە، قاراماي يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى كىنو - تېلېۋىزىيە، كارتون فىلىم تۈس بېرىش بازىسىنىڭ كۆلىمى ئۈزلۈكسىز كېڭىيىپ، لەنخېيتۇڭشياڭ، ئەيتېبخەييۇ، سۇشياڭ قاتارلىق دۆلەت ئىچىدىكى كۆپلىگەن داڭلىق كىنو - تېلېۋىزىيە فىلىملىرى تۈس بېرىش كارخانىلىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك كىرگۈزدى، يۈنبىيەن تورى كۆپ ۋاستىلىك تاراتقۇ دەسلەپكى ماتېرىيال ئامبىرى قۇردى ھەم قاراماي كەسپىي تېخنىكا شۆيۈەنىگە تايىنىپ كىنو - تېلېۋىزىيە،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

中国中铁
和若铁路
中铁十一局集团

خوتەن - چاقىلىق تۆمۈريولىدا جىددىي قۇرۇلۇش قىلىنماقتا

10 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، خوتەندىن چاقىلىققىچە بولغان تۆمۈريول (خوتەن - چاقىلىق تۆمۈريولى)نىڭ قۇرۇلۇشچىلىرى جىددىي قۇرۇلۇش قىلماقتا. □ شۇ شياۋلۇڭ فوتوسى

يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغانلارنىڭ سانى سىجىل ئاشتى



□制图/新疆日报视觉中心 张 永

رەقەم ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ «13 - بەش يىل»نى سۆزلەش

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لى چۈنشيا** خەۋەر قىلىدۇ: «13 - بەش يىل» مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونىمىز يېزا ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش سالمىقىنى ئۈزلۈكسىز زورايتتى، يېزا ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش سانى سىجىل ئاشتى، تېخىمۇ كۆپ يېزا ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلىنىش ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ كىرىمنى ئاشۇردى.

ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتىنىڭ ئىستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، 2016 - يىلى پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىدىن 2 مىليون 750 مىڭ ئادەم قېتىم يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغان، 2017 - يىلى 2 مىليون 750 مىڭ ئادەم قېتىم يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغان، 2018 - يىلى 2 مىليون 805 مىڭ ئادەم قېتىم يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغان، 2019 - يىلى 2 مىليون 873 مىڭ 500 ئادەم قېتىم يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

«13 - بەش يىل» مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونىمىز دىققەتنى ئەمگەك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشتىكى نۇقتىلىق كىشلەر توپى ۋە ئېغىر نامرات رايونلارغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ھەر مىللەت ئاممىنى ئۆز جايىدا، يېقىن ئەتراپتا ئىشقا ئورۇنلىنىش، تەرتىپلىك ھالدا شەھەرگە كىرىپ ئىشقا ئورۇنلىنىشقا يېتەكلەپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ قەشقەر،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش . قالپىقى ئېلىۋېتىلمىگەن نامرات ناھىيەلەردە جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىش

جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ نامرات كەنتلىرىدىكى ياشلارنىڭ «يېڭى تىرىكچىلىك يولى»

□ **شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى گاۋ خەن، خۇ خۇخۇ**

جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاست دۆلىتىمىزنىڭ «ئۈچ رايون، ئۈچ ئوبلاست»تىكى ئېغىر نامرات رايونلارنىڭ بىرى، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتى ناچار، ئىقتىسادىي ئاساسى ئاجىز، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە كۆتۈرۈش ئىقتىدارى ئېغىر دەرىجىدە يېتەرسىز بولۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش يولىدىكى يېڭىش ئەڭ قىيىن بولغان «قاتتىق قىيىنچىلىق». يېقىندا، مۇخبىرلار شىنجاڭدىكى قالپىقى ئېلىۋېتىلمىگەن ئون نامرات ناھىيەنىڭ قىسمەن نامرات كەنتلىرىگە بېرىپ، يېزا ياشلىرىنىڭ ئەمدى لاغايلاپ يۈرىدىغان ئىشسىز بىكارچىلاردىن ئەمەسلىكىنى كۆردى، ئۇلار ھاياتىي كۈچكە، غەيرەت - شىجائەتكە تولغان بولۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋە يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش يولىدىكى جەڭگىۋار قوشۇنغا ئايلانغانىدى، ئىشقا ئورۇنلىشىش ئىدىيەسى ئۆزگەرگەن، پۇل تاپىدىغان تىرىكچىلىك يوللىرىمۇ كۆپەيگەن بولۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشى تېخىمۇ ئاسانلاشقانىدى.

ياڭاق ماكاندىكى «يېڭى» خادىملار

ھەر يىلى 9 - ئايدا، «90 - يىللاردا تۇغۇلغان» ياڭاق ئايرىغۇچى بۇمەرىيەم ئۆمەر تولىمۇ ئالدىراش بولۇپ كېتەتتى.

بۇمەرىيەم ئۆمەر قاغىلىق ناھىيەسىدىكى ياڭاق سودا مەركىزىدە ئىشلەيدۇ. ئالتۇن كۈز مەزگىلىدە، قاغىلىق ناھىيەسىنىڭ 580 مىڭ مو يېرىدىكى ياڭاقلار ئۈزۈلۈپ يىغىۋېلىش پەسلىگە كىرگەن بولۇپ، سودا مەركىزىدە ياڭاقلار تاغدەك دۆۋىلىنىپ كەتكەنىدى.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

شىنجاڭنىڭ يوپۇقسىز كېۋەزنى يۈرۈشلەشتۈرۈپ ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى دەسلەپكى قەدەمدە پىشىپ يېتىلدى

62 مو ئۆلگە كۆرستىش ئېتىزىدىكى چىگىتلىك پاختىنىڭ مو بېشى ھوسۇلى 345.3 كىلوگىرامغا يەتتى

ئىختىيارىي مۇخبىرلىرىمىز **جياڭ شياۋجۈن، چېن گودۇڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 10 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىن 7 - كۈنىگىچە، جۇڭگو قۇرۇلۇش ئاكادېمىيەسىنىڭ ئاكادېمىكلىرىدىن كاڭ شاۋجۇڭ، يۈ شۇشۇن، لى پېيۋۇ قاتارلىق مۇتەخەسسىس، ئالىملار تارىم دالىسىدىكى يوپۇقسىز كېۋەز ئۆلگە كۆرسىتىش ئېتىزىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى. بۇ 62 مو يوپۇقسىز كېۋەزلىكنىڭ ھەر مو يېرىدىكى كېۋەز تۈپى 12 مىڭ 633 تۈپكە، چىگىتلىك پاختىنىڭ مو بېشى ھوسۇلى 345.3 كىلوگىرامغا يەتكەن بولۇپ، شىنجاڭنىڭ يوپۇقسىز كېۋەزنى يۈرۈشلەشتۈرۈپ ئۆستۈرۈش تېخنىكىسىنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە پىشىپ يېتىلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

لوپ ناھىيەسىنىڭ كوچا ئېرىق كەنتىدە:

يېزا ئىگىلىكى، مەدەنىيەت، ساياھەت يۇغۇرۇلۇپ، كەنت گۈزەللەشتى، كىشىلەر بەختكە چۆمدى

ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش بويىچە «100 شەھەر، 1000 ناھىيە، 10 مىڭ كەنتتە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش سەپىرى»

□ **پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ياڭ شۇخەن**

«مەن ھەر كۈنى كەنتنى سەيلە قىلىپ، خۇددى رەسىم ئىچىدە ماڭغاندەك ھېس قىلىمەن. كەنتىمىز گۈزەللەشتى، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ جۇشقۇنلۇقى ۋە ھاياتىي كۈچى تولۇپ تاشتى» دېدى 10 - ئاينىڭ 2 - كۈنى كۈز كۈنلىرىدىكى كەنت يولىدا سەيلە قىلىۋاتقان لوپ ناھىيەسىنىڭ چارباغ يېزىسى كوچا ئېرىق كەنتىدىكى كەنت ئاھالىسى سەمەردىن ئاتاۋۇل ھاياجان بىلەن.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، كوچا ئېرىق كەنتى شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ، يېزا ئىگىلىكى، مەدەنىيەت، ساياھەت يۇغۇرۇلغان تەرەققىيات يولىدا ئىزدىنىپ، كەسپلەر گۈللەنگەن، كەنت گۈزەللەشكەن، كىشىلەر بېيىغان يېڭى بىر مەنزىرىنى سىزىپ چىقتى.

يېزا ئىگىلىكى، مەدەنىيەت، ساياھەتنىڭ يۇغۇرۇلۇشى يېڭى ھەركەت ئېنېرگىيەسىنى قوزغاتتى

«ئىلگىرى ئۆيىمىز كىچىك ئىدى، قىلىدىغانغا ئىش يوق شۇنداقلا ئىشەنچىمىزمۇ يوق ئىدى، ھازىر ئىشىكىمىز ئالدىدىلا ئىشقا ئورۇنلاشتىم، ئايدا 3000 يۈەندىن ئارتۇق پۇل تاپالايمەن، پۈتۈن ئائىلە بويىچە چوڭ ئۆيگە كۆچۈپ كىردۇق» دېدى 10 - ئاينىڭ 2 - كۈنى كوچا ئېرىق كەنتى كەنت ئاھالە كومىتېتى ئىشىكى يېنىدىكى گۈزەللەر ھۆسن گۈزەللەشتۈرۈش - چاچ گۈزەللەشتۈرۈش دۇكىنىدا دۇكان ئىگىسى ئامىنە خېرىدارغا گىرىم قىلغاچ.

ئامىنە ئائىلىسى ئىلگىرى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلە ئىدى، كەنت ساياھەتنى تەرەققىي قىلدۇرغاندىن كېيىن، ئۇ يوخۇ دېھقانلار ئارامگاھىدا خىزمەت تاپتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھۆسن گۈزەللەشتۈرۈش - چاچ گۈزەللەشتۈرۈشنى ئۆگەنگەن ئۇ يەنە كەنتتە گۈزەللەر ھۆسن گۈزەللەشتۈرۈش - چاچ گۈزەللەشتۈرۈش دۇكىنى ئېچىپ، بوش ۋاقىتلىرىدا تىجارەت قىلدى. «تۇرمۇشىمىز بارغانسېرى ياخشىلاندى!» دېدى ئامىنە خۇشال ھالدا.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)